سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# ئاندېرسېن چۆچەكلىرى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ــ 3

دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

ئاپتورى: ئاندېرسېن [دانىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىيەم كېرەم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/阿斯艳木·克然木译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1

("学海乐园"阅读系列;3)

ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

**书　　名:** 安徒生童话集
**作　　者:** 安徒生 [丹]
**翻　　译:** 阿斯艳木·克然木
**责任编辑:** 艾尼瓦·库迪力克
**责任校对:** 乔尔帕·吐尔逊
**出　　版:** 新疆喀什维吾尔文出版社
新疆电子音像出版社
**地　　址:** 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
**邮　　编:** 830000
**发　　行:** 新疆新华书店
**印　　刷:** 新疆八艺印刷厂
**开　　本:** 787mm×1092mm　1/32
**印　　张:** 2.5
**版　　次:** 2009 年 1 月第 1 版
**印　　次:** 2009 年 2 月第 1 次印刷
书号:ISBN978-7-5373-1736-8
**定　　价:** 60.00 元 (全十册)

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。

**كىتاب ئىسمى:** ئاندېرسېن چۆچەكلىرى
**ئاپتورى:** ئاندېرسېن [دانىيە]
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئاسىيەم كېرەم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى:** چولپان تۇرسۇن
**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32
**باسما تاۋىقى:** 2.5
**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8
**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

# كىرىش سۆز

دانىيىلىك يازغۇچى ئاندېرسېن (1805 ــ 1875 Hans Christian Andersen) شىمالىي ياۋروپادىكى ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ چۆچەكلىرى دۇنيادىكى ھەممە تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئاندېرسېن چۆچەكلىرىنى زەن قويۇپ ئوقۇساق، بىزگە بىرىنچىدىن، ئەدەبىي ئۇسلۇبى ئاددىي، گۈزەل بولۇش؛ ئىككىنچىدىن، شېئىرىي كەيپىيات گۈزەل بولۇش؛ ئۈچىنچىدىن، قۇرۇلما جەھەتتىكى ماھارىتى گۈزەل بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تەسىرنى قالدۇرىدۇ. ئاپتور ھېكايىلەرنى بايان قىلىش ۋە يېزىش ئۇسلۇبىدا پۈتۈنلەي بالىلارنىڭ پسىخىكىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، بالىلارنىڭ نەزەرىنى ئۆزىنىڭ ھەممە شەيئىلەرنى كۆزىتىدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان ئۆلچىمى قىلغان.

بۇ كىتابقا ئاندېرسېن چۆچەكلىرى ئىچىدىكى بىر قەدەر داڭلىق بولغان ئالتە پارچە چۆچەك كىرگۈزۈلدى. دۆلىتىمىزدىكى كىچىك دوستلارنىڭ ئادەتتىكە ماسلاشتۇرۇش



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئۇچۇن، ئەسلى ئەسەر يېزىق جەھەتتە سەل قىسقارتىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مەسىلەن، «بۇلبۇل»، «سەرەڭگە ساتقۇچى قىز» قاتارلىق چۆچەكلەردىكى جىن ـ ئالۋاستى ۋە خۇدا ـ ئىلاھقا دائىر قىسىملىرى، «چوڭ كرائۇس بىلەن كىچىك كرائۇس»- تىكى چىركاۋ مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق رايونلارنىڭ پوپلىرى ئۆزگەرتىلىپ ۋە قايتا يېزىلىپ، كىچىك دوستلار تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان قىلىندى.

يازغۇچى ئاندېرسېننىڭ بالىلىق دەۋرى ئىنتايىن غۇر- بەتچىلىكتە ئۆتكەن، دادىسى نامرات موزدۇز، ئانىسى كىر يۇ- يىدىغان ئايال ئىدى. ئاندېرسېن 11 ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئاپىسى ئەرگە تېگىپ، ئۇنى كەمبەغەللەر مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن، كېيىن ئۇنى زاۋۇتتا ئىشلەشكە ئاپىرىپ بەرگەن، مەكتەپتە قېلىپ ئوپېرا ئارتى- سى بولغان، ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگەن ۋە بۇلارنىڭ ھېچقايسى- سىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. 24 يېشىدا يېزىقچىلىققا كىرىشىپ، كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 34 يېشىدا چەت ئەللەرگە ساياھەتكە چىققان، بىرنەچچە دۆلەتنىڭ پادىشا- ھى ئۇنى ئوردىغا كىرىپ ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا پەخرىي مېداللارنى بەرگەن.

فەن چۇن (خەنزۇچىلاشتۇرغۇچى)
1997 ـ يىل 8 ـ ئاي





# مۇندەرىجە


بۇلبۇل ...................... 1

سەت ئۆردەك چۈجىسى ...................... 15

چوڭ كرائۇس بىلەن كىچىك كرائۇس ...................... 26

پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى ...................... 47

سەرەڭگە ساتقۇچى قىز ...................... 53

كىچىك دىنىنى ...................... 57




# بۇلبۇل

ھازىر سىلەرگە جۇڭگو توغرىسىدا ھېكايە ئېيتىپ بېرەي. بۇنىڭدىن ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بۇرۇن، جۇڭگودا ئۆتكەن بىر پادىشاھ توغرىسىدا بىر ھېكايە تارقالغان ئىكەن.

جۇڭگونىڭ بۇ پادىشاھى كاتتا ئوردىدا تۇرىدىكەن. ئوردىنىڭ ئەتراپى ناھايىتى چوڭ باغ ئىكەن، باغدا ھەر خىل ئەتىۋارلىق گۈللەر ئۆسكەن، باغدىكى ھەممە نەرسە ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەن. بۇ باغ شۇنداق چوڭ ئىكەنكى، قەيەردىن باشلىنىپ، قەيەردىن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى باغۋەنمۇ بىلمەيدىكەن. ئەگەر ئالدىڭىزغا قاراپ توختىماي مېڭىۋەرسىڭىز، گۈزەل ئورمانلىققا يېتىپ بارىدىكەنسىز، ئورمانلىقتىن ئۆتسىڭىز، كۆز يەتكۈسىز كەڭ دېڭىزنى كۆرىدىكەنسىز.

باغدا ناھايىتى يوغان دەرەخلەر بار ئىكەن. دېڭىز ياقىسىدا ئېگىلىپ ئۆسكەن بەزى دەرەخلەر دېڭىزغا كۈنلۈكتەك سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن. دېڭىز سۈيى شۇنچە جىم تۇرىدىكەن. كۆپكۆك دېڭىز سۈيىدە، دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا بېلىقچىلار كېمىلىرىنى ھەيدەپ دېڭىز ياقىسىدىن ئۆتىدىكەن. بېلىقچىلار

ئىنتايىن ئالدىراش بولىدىكەن. لېكىن ئۇلار ئورمانلىقتىكى بۇلبۇلنىڭ ناخشا ساداسىنى ئاڭلىغاندا قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى قويۇپ، يېقىملىق ناخشا ساداسىنى ماختاپ كېتىدىكەن.

— پاھ! نېمىدېگەن يېقىملىق ناخشا!

— پاھ! نېمىدېگەن چىرايلىق ناخشا!

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن بۇ شەھەرگە كەلگەن مېھمانلار بۇ شەھەرنى، بۇ ئوردىنى، بۇ باغنى ياخشى كۆرىدىكەن. لېكىن ھېلىقى بۇلبۇلنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلار:

— پاھ، پاھ! ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئېسىل ناخشا ئاۋازىكەنغۇ، — دېيىشىپ كېتىدىكەن.

بۇ مېھمانلار ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنمۇ بۇ بۇلبۇلنى ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. نۇرغۇن ئالىملار بۇ يېقىملىق باغدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بۇلبۇللار توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپتۇ، شائىرلارمۇ بۇ سۆيۈملۈك بۇلبۇللار توغرىسىدا كىشىگە لەززەت بېغىشلايدىغان شېئىر - داستانلارنى يېزىپتۇ.

بۇ كىتاب ۋە شېئىر - داستانلار پۈتۈن دۇنيادىكى مەشھۇر شەھەرلەرگە تارقىلىپتۇ. بۇ كىتابلاردىن بىرنەچچىسى كونىلەرنىڭ بىرىدە جۇڭگو پادىشاھىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرۇپ، بۇ كىتابلارنى خۇشاللىق بىلەن ئوقۇپ، بىردەم - بىردەم بېشىنى لىڭشى-

تىپ قويىدىكەن. كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ ئوردىنى، باغنى شۇنداق گۈزەل قىلىپ يازغانلىقىدىن رازى بوپتۇ. لېكىن كىتابتىكى «مۇشۇ نەرسىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل بۇلبۇل» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇغان پادىشاھ:

— بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل بۇلبۇل! بۇ زادى قانداق گەپ؟ بۇلبۇل، — دەپتۇ پادىشاھ، — دۆلىتىمدە، يەنە كېلىپ بېغىمدا مۇشۇنداق ئېسىل قۇشنىڭ بارلىقىدىن ئەجەب خەۋىرىم يوقكەن، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغاندىمەن؟

پادىشاھ دەرھال ئوردا بېگىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا:

— ئاڭلىسام بۇ يەردە بۇلبۇل دەيدىغان ئاجايىپ بىر قۇش بار ئىمىش. بۇنىڭ دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ ئېسىل نەرسە ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدىكەن. نېمە ئۈچۈن مەن بىرەر ئادەمنىڭ بۇ توغرىلىق گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ بۇ ھەقتە بىرسىنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم، — دەپتۇ ئوردا بېگى.

— لېكىن بۈگۈن ئاخشام ئۇ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن.

— خوپ! خوپ! مەن بېرىپ ئۇنى تاپاي، ئۇنى تاپاي، — دەپتۇ ئوردا بېگى.

لېكىن ئۇنى زادى نەدىن تاپقىلى بولار؟

ئوردا بېگى ھەممە يەرگە بېرىپ، ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن سوراپتۇ، «بۇلبۇل» دەيدىغان قۇشنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئاخىر ئوردا بېگى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— خان ئالىيلىرى، كىتابتىكى گەپلەرگە ئىشەنمىگەيلا، بۇ كىتاب يازغانلار توقۇپ چىققان گەپ ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— لېكىن بۇ كىتابنى، — دەپتۇ پادىشاھ، — ياپونىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ماڭا سوۋغا قىلغان، شۇڭا بۇ كىتابتا يالغان گەپ بولمايدۇ. بۇ بۇلبۇلنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بۈگۈن ئاخشام ئۇنى چوقۇم بۇ يەرگە كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك، شۇنداق قىلالمىساڭ سېنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالايمەن.

— خوپ! خوپ! — دەپتۇ ئوردا بېگى.

ئۇ ئوردىنىڭ ئىچىدە ھەممە يەرگە چېپىپتۇ، ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارمۇ جازالىنىشتىن قورقۇپ، ئوردا بېگىنىڭ كەينىدىن چېپىپ سۈرۈشتە قىپتۇ. ئاخىر ئاشخانىدىكى نامرات قىزدىن سوراپتۇ.

— بۇلبۇلنى دەمسىلەر؟ ئۇنى مەن بىلىمەن، ئۇ يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتالايدۇ، ھەر كۈنى كېچىسى بۇ يەرگە كېلىپ ئېشىپ قالغان تاماقلارنى ئاغرىق ئاپامغا ئاپىرىپ بېرىمەن، ئاپام دېڭىز ياقىسىدىكى ئورمانلىقتا ئولتۇرىدۇ. ھەر قېتىم ئۇ يەردىن ئۆتكۈچە بۇلبۇلنىڭ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاي-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.co

مەن، ئۇنىڭ ناخشىسىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى قىز.

شۇنىڭ بىلەن ئوردا بېگى ۋە چوڭ - كىچىك ئەمەلدار-لار ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ بۇلبۇلنى ناخشا ئېيتقۇزۇشقا بۇيرۇ-غانلىقىنى ھەمدە قىزنىڭ بۇلبۇلنى تېپىشقا ياردەم قىلىشى-نى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

قىز بالا ئۇلارنى دېڭىز ياقىسىدىكى ئورمانلىققا باشلاپ بېرىپتۇ.

ئۇلار بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ.

— دەل شۇ، قۇلاق سېلىڭلار! قۇلاق سېلىڭلار! ئۇ ئاۋۇ چەتتە تۇرىدۇ، — دەپتۇ قىز بالا دەرەخ شېخىغا قونۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقان كۈل رەڭ كىچىك قۇشنى كۆرسىتىپ:

— مۇشۇ بۇلبۇلمۇ؟ — دەپتۇ ئوردا بېگى بۇ كۈل رەڭ كىچىك قۇشقا قاراپ، — بۇنىڭ مۇنداق ئادەتتىكىچە بولۇشى-نى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— ھەي، بۇلبۇلچاق، — دەپتۇ قىز بالا بۇلبۇلغا قاراپ، — پادىشاھىمىز سېنىڭ ئۇنىڭغا يېنىغا بېرىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشىڭنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

— ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى خالايمەن، — دەپ، خۇشال-لىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، ناخشىسىنى يەنە باشلاپ كېتىپتۇ.

— بۇ ئاۋاز خۇددى ئەينەكتىن ياسالغان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئىكەن، — دەپتۇ ئوردا بېگى، — قىزىق

ئىش، ئۇنىڭ كىچىككىنە كانىيى قانداق تىترەيدىغاندۇ!

بۇلبۇل ئۇلار بىلەن بىللە ئوردىغا كىرىپتۇ.

ئۇ كۈنى ئاخشىمى ئوردىدا زىياپەت تەييارلىنىپتۇ، نەچچە مىڭ ئالتۇن چىراغ ئوردىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. ھەممە ئەمەلدارلار ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپتۇ، پادىشاھ ئولتۇرىدىغان سارايغا ئالتۇندىن قونداق ياسىتىلغان ئىكەن، كۆل رەڭ بۇلبۇل ئاشۇ قونداقتا قونۇپتۇ.

پادىشاھ بۇلبۇلنىڭ ناخشا ئېيتىشىغا بۇيرۇق بەرگەندە كىشىلەر دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئازراقمۇ ئاۋاز چىقارماپتۇ.

باشتا بۇلبۇل مۇڭلۇق ئاھاڭغا سايرىغان ئىكەن، پادىشاھنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپتۇ؛ كېيىن بۇلبۇل شادلىق ئاھاڭغا يۆتكىگەن ئىكەن، پادىشاھ ئاڭلاپ قالتىس خۇش بوپتۇ. بۇلبۇلنىڭ بوينىغا ئاسىدىغان ئالتۇن مارجان بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، لېكىن بۇلبۇل ئۆزىنىڭ يېتىپ ئاشقۇدەك ئىنئامغا ئېرىشكەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتىپ:

— پادىشاھنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرىنى كۆرگەنلىكىم مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ سوۋغا، — دەپتۇ.

بۇلبۇل ھەقىقەتەن تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى ئوردىدا ئەپقېلىپ، ئۇنىڭغا قەپەز ياسىتىپ بېرىپتۇ. بۇلبۇل ھەر كۈنى كۈندۈزى ئىككى قېتىم، كېچىسى بىر قېتىم بولۇپ، كۈندە ئۈچ قېتىم ئۇچۇپ چىقسا بولىدىكەن. ئۇ ئۇچۇپ چىققاندا 12 مالاي تەڭ چىقىدى-



كەن، ھەربىر مالاي بۇلبۇلنىڭ پۇتىغا چىگىلگەن مەشۇت يىپنىڭ ئۇچىنى چىڭ تۇتۇۋالىدىكەن.

پۇتكۈل پايتەختتىكى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا بۇلبۇلنىڭ گۈزەللىكى ۋە ناخشىسىنىڭ يېقىملىقلىقى توغرىسىدا گەپ بولۇپ كېتىپتۇ، نۇرغۇن ئادەملەر بالىلىرىغا «بۇلبۇل» دەپ ئىسىم قويۇشۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەلۇم مەزگىل ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ چەت ئەل ئەلچىلىرى سوۋغا قىلىپ كەلگەن خالتىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. خالتىغا «بۇلبۇل» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىكەن.

پادىشاھ بۇلبۇل ھەققىدىكى يېڭى كىتاب بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىپ خالتىنى ئېچىپ قارىسا، خالتىدىن كىچىك قۇتا چىقىپتۇ، قۇتىدا بىر سۈنئىي بۇلبۇل بار بولۇپ، ئۇ قىممەتلىك ئالماس، قىزىل، كۆك ياقۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئىكەن. بۇ بۇلبۇلنىڭ قورسىقىغا پولاتتىن ئىشلەنگەن پۇرژىنا سېلىنغان بولۇپ، پۇرژىنا چىڭىتىلسا، سۈنئىي بۇلبۇل دەرھال قۇيرۇقىنى مىدىرلىتىپ، چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىكەن.

بۇ سۈنئىي بۇلبۇلنى ياپون پادىشاھى جۇڭگو پادىشاھىغا سوۋغا قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭ بويىنىغا مەشۇت لېنتا ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا: «جۇڭگو پادىشاھىنىڭ بۇلبۇلى ياپون پادىشاھىنىڭ بۇلبۇلىدىن كۆپ ئېسىل» دېگەن خەتلەر پۈتۈل-

گەن ئىكەن.

راستىنلا شۇنداق بەك ئېسىلمىدۇ؟ پادىشاھ ئوردا بېگى-گە سۈنئىي بۇلبۇلنى تىرىك بۇلبۇلنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ بىرلىكتە سايرىتىشنى بۇيرۇپتۇ، لېكىن ئۇ سۈنئىي بۇلبۇل ھەرقانچە سايرىسىمۇ يېقىملىق ئاڭلانماپتۇ، چۈنكى تىرىك بۇلبۇل ئۆزىنىڭ تېپىك ناخشىسىنى ئېيتىپتۇ. سۈنئىي بۇلبۇل بولسا پۈرژىنىدىن چىققان جانسىز ناخشىسى-نى ئېيتىدىكەن. ئۇ ناخشىنى مەلۇم ئۇدار بىلەن نوتا بويىچە ئېيتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسى تىرىك بۇلبۇل-نىڭكىدەك تەڭكەش بولۇپ ئاڭلانمايدىكەن.

كېيىن كىشىلەر سۈنئىي بۇلبۇلنى يالغۇز ناخشا ئېيت-قۇزۇپتۇ، نەتىجىدە، ناخشىسى راست بۇلبۇلنىڭكىدەك ئىنتا-يىن يېقىملىق چىقىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭ پۈرژىنىسىنى 33 قېتىم چىڭىتقان ئىكەن، 33 قېتىم ئوخشاش ناخشا ئېيتىپتۇ، ئۇنىڭدا قىلچە ھارغىنلىق كۆرۈنمەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈپ، تىنماي ناخشا ئېيتقۇزۇپتۇ، لېكىن پادىشاھ:

ــ راست بۇلبۇلمۇ ناخشا ئېيتىپ باقسۇن، ــ دەپتۇ.

لېكىن راست بۇلبۇل نەدىكىن؟

ئۇنىڭ ئوچۇق دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، يېشىل ئور-مانلىققا بېرىۋالغانلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىغان ئىكەن.

ــ بۇ زادى قانداق ئىش؟ ــ دەپتۇ پادىشاھ خاپا بولۇپ،

ناخشا ئاڭلاۋاتقان ئەمەلدارلار راست بۇلبۇلنى ۋاپاغا جاپا قىلدى، ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلمىدى، ــ دەپ تىللاشقا باشلاپتۇ.

ــ بىز قانداقلا بولمىسۇن، ئەڭ كاتتا بۇلبۇلغا ئىگە بولدۇق، بۇ سۈنئىي بۇلبۇل ھېلىقى راست بۇلبۇلنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ، ــ دەپتۇ ئۇلار. ئۇلار بۇ سۈنئىي بۇلبۇل ئېيتقان بىر خىل ناخشىنى ئاڭلاۋېرىپتۇ.

ئۇلار بۇ سۈنئىي بۇلبۇلنى ئەل ـ جامائەت ئالدىدا كۆرگەزمە قىلىپ، ناخشا ئېيتقۇزۇپتۇ، جامائەت ئۇنى تەلۋىلەرچە ماختاپتۇ. پادىشاھمۇ بۇ سۈنئىي بۇلبۇلنى ئىنتايىن ئەتىۋارلاپ ئۇنى كارىۋىتىنىڭ بېشىدىكى يىپەك سېلىنچىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇكاپاتلار ــ ئالتۇن ۋە گۆھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا تىزىپ قويۇلۇپتۇ. ئوردىدىكى سازەندىلەر بىگى بۇ سۈنئىي بۇلبۇل ھەققىدە 25 جىلدلىق بىر كىتاب يېزىپ چىقىپتۇ. قىسقىسى، بۇ سۈنئىي بۇلبۇلنىڭ شۆھرىتى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپتۇ.

لېكىن ھېلىقى راست بۇلبۇل بۇ دۆلەتتىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر يىل ئۆتۈپتۇ.

پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلار، شۇنداقلا پۇقرالارمۇ بۇ سۈنئىي بۇلبۇلنىڭ سايرايدىغان ھەربىر كۈيىنى پىششىق بىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار سۈنئىي بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان خۇش بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىدىكەن. كوچىدى-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com